ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى كۈرەش قىلغۇچىلار

ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى قارلىق ئېگىزلىككە نەقىش قىلىپ ئويۇش

—— شىنجاڭ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتى قونجىراپ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ساقچىسى سۈن چاۋ

دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر بولغان «ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون»دا، شىنجاڭ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتى قونجىراپ چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ساقچىسى سۈن چاۋ ئېگىزلىكتىكى جاپالىق مۇھىتنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، 20 نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئېگىزلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، «كۆككە تاقاشقان مۇزلۇق چوققا، ئون مو بوستانلىق» تەك يېشىللىق مۆجىزىسى ياراتتى. ئۇ خوتۇنى بىلەن ئۆلكە ئاتلاپ 14 يىل ئايرىلىپ تۇرۇش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئېگىزلىكنى چىڭ ساقلاش بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ ئۆيگە قايتىشتىن ئىبارەت تاللاشتا ئالدىنقىسىنى قەتئىي تاللاپ، پامىر ئېگىزلىكىدە داۋاملىق كۈرەش قىلدى.

«ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون»غا جەڭ ئېلان قىلىپ، يېشىللىق مۆجىزىسى يارىتىش

پامىر ئېگىزلىكى «ھاياتلىق چەكلەنگەن رايون» دەپ ئاتالغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر كېلىدۇ، يېڭى كۆكتات تۈزلەڭلىكتىكى ئەڭ ئادەتتىكى يېمەكلىك، ئېگىزلىكتە بولسا ئىنتايىن ئەتىۋارلىق زۆرۈر مەھسۇلات.

1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، سۈن چاۋ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىغا كەلدى. ئۇ قاقاس ئېگىزلىككە قاراپ، كۆڭلىدە: ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە چوقۇم يېڭى كۆكتات يېگۈزىمەن، دېگەن ئىرادىگە كەلدى. ئۇ پارنىك ياساپ، باشقۇرغۇچى بولدى، لېكىن سوغۇق مۇھىتتا كۆكتات تېرىش قىيىن مەسىلە ئىدى. سۈن چاۋ «چېكىنىش دۇمبىقى»نى چالماي، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە كۆپ قېتىم خەت يېزىپ مەسلىھەت سورىدى، 100 نەچچە قېتىم قايتا ـ قايتا ئىزدىنىش، دەللىلەش، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىر بىر يۈرۈش ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ، ئېگىزلىكتە 30 نەچچە خىل كۆكتاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تېرىپ ئۆستۈردى.

سۈن چاۋ ئېگىزلىكتە شۇ تۇرغىنىچە 23 يىل تۇردى. 23 يىلدىن بۇيان، سۈن چاۋ ئۆزىنىڭ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بازىسىنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك چىڭ ساقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بازىسى كۆپچىلىك تەرىپىدىن «قارلىق دالىدىكى بوستان باغ» دەپ ئاتىلىپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ قارلىق دالىغا جايلاشقان دۆلەت دەرۋازىسىنى ساقلىشىدىكى ئەڭ ئىللىق يۆلەنچۈكىگە ئايلاندى.

ئىككىنچى يۇرتىغا رىشتە باغلاش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ياردەم قىلىش

سۈن چاۋ تۇرۇشلۇق تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيەسىنى يۇرتۇم دەپ بىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكلىدى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق دولقۇنىنى قوزغىدى، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. 2006 ـ يىلدىن بۇيان، قاتار ـ قاتار پارنىكلار ئېگىزلىكتە قۇرۇلدى، تۇرۇشلۇق جايدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھەر يىلى سۈن چاۋنى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق بىلىملىرىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. ھازىر دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پارنىكلىرى ھاياتىي كۈچكە تولدى.

تىزناپ يېزىسىدىكى چارۋىچى ئەمرشاھنىڭ كىرىمى يۇقىرى ئەمەس، ئائىلىسىدە ئىككى بالىسى بار ئىدى. 2013 ـ يىلى، سۈن چاۋنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردەم قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەمرشاھ تولۇق ئىشەنچ بىلەن پارنىكتا كۆكتات تېرىش بىلەن شۇغۇللاندى، يەنە چارۋىچىلار ئارامگاھى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سودىسى يۈرۈشۈپ كەتتى.

چېگرا تەكشۈرۈش پونكىتى نىشانلىق يۆلەيدىغان ئەلنەزەر ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات ئىدى. 2016 ـ يىلى، سۈن چاۋ كۆكتات ئۇرۇقى سېتىۋېلىپ، ئەلنەزەرگە پارنىك ياساشنى قولمۇقول ئۆگەتتى. شۇ يىلى ئەلنەزەر پارنىكتا كۆكتات تېرىپ ئۆستۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، كىرىمنى 2000 يۈەنگە يېقىن ئاشۇردى.

سۈن چاۋ ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، يەنە ئېگىزلىكتە ئالاھىدە ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىنى سىناق قىلدى، ئاندىن تەجرىبىلىرىنى شۇ جايدىكى ئاممىغا ئۆگەتتى. تۇرۇشلۇق جايدىكى ئامما ئۇنى كۆرگەندە باشمالتىقىنى چىقىرىپ: «سۈن چاۋ، چارجى (يارايسەن)» دەيدىغان بولدى.

ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى چىڭ ساقلاش قارلىق ئېگىزلىككە بايراق قاداش

سۈن چاۋ ھەر كۈنى كۆكتاتلىقتا ئالدىراش بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت نورمىدىن ئارتۇق ئەمگەك قىلغاچقا، ئېغىر دەرىجىدىكى بەل مۇسكۇلى زورۇقۇش ۋە رېماتىزم كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدى. سۈن چاۋنىڭ توي قىلغىنىغا 14 يىل بولغان بولۇپ، خوتۇنى بىلەن ئىزچىل ئىككى جايدا ئايرىلىپ تۇرغاچقا، يەتتە يىلدىن كېيىن ئاندىن بالىلىق بولغان، ئاتا ـ ئانىسىمۇ ياشىنىپ قېلىپ كېسەلچان بولۇپ قالغانىدى. خوتۇنى جاڭ يۈخۇي: «ئېگىزلىكتە كۆكتات تېرىش، باقمىچىلىق قىلىش ئېرىمنىڭ كەسپى، ئېگىزلىك ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولسىلا، مەن ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايمەن» دېدى.

2018 ـ يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى رەسمىي قىسىم ئىسلاھاتىدا، نۇرغۇن كىشى مېڭىش ۋە قېلىشتىن بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلدى. سۈن چاۋ ئاتا ـ ئانىسى ۋە خوتۇنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئېگىزلىكنى داۋاملىق ساقلاشنى تاللىدى. «مەنمۇ ئۆيگە قايتىشنى ئويلىغان، لېكىن قىسىم مېنى شۇنچە يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى، ھالقىلىق پەيتتە كېتىپ قالسام بولمايدۇ» دېدى ئۇ.

سۈن چاۋنىڭ قارىشىچە، ئىسلاھات سالاھىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپلا قالماي، يەنە ۋەزىپىنىڭ تېخىمۇ مۇشكۈل، بۇرچنىڭ تېخىمۇ شەرەپلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن. ئۇنىڭ نىشانى «تولۇق ئىقتىدارلىق» خەلق ساقچىسى بولۇپ، ھەم ئۆز خىزمىتىگە پۇختا بولۇش، ھەم ھەر ۋاقىت كەسپكە يۈزلىنىش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش. ھازىر ئۇ ئاساسىي چېگرا تەكشۈرۈش كەسپىي تەرتىپلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، كەسپىي مەشغۇلات قىلالايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلان ئۈستىدە توختالغاندا، سۈن چاۋ: تەشكىل ئېھتىياجلىق بولسىلا، مەن ئىزچىل چىڭ ساقلايمەن، دېدى.

دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرغان «ئۈزۈمچى قىز»

—— خەلچىخان يۈسۈپنىڭ پېنسىيەگە چىقىپمۇ دەم ئالماي ئۈزۈم تىكىش تېخنىكىسىنى ھەقسىز ئۆگەتكەنلىكى توغرىسىدا

1968 ـ يىلى، خەلچىخان يۈسۈپ شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى(ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى)نى پۈتكۈزۈپ، تۇرپان ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى(ھازىرقى تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى)غا كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، باشتىن ـ ئاخىر ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، خالىس ئۆزىنى بېغىشلاپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، جاپادىن ۋە تاپا ـ تەنىلەردىن قورقماي، ئۈزۈم تىكىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ـ كېڭەيتىشكە 50 يىل ئۆزىنى بېغىشلىدى.

پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۈزۈمنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش

1988 ـ يىلى، تۇرپاندىكى بىر قىسىم دېھقانلار ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمىگەن دورا ئىشلەتكەچكە، تىككىنىگە ئۈچ يىل بولغان 532 مو ئۈزۈم تېلىدىن ھوسۇل ئالالماسلىق خەۋپىگە دۇچ كەلدى. خەلچىخان تاماقنىمۇ، ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۈزۈملۈكتىن چىقماي، ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل، تەتقىق قىلىپ، تۆت تۈرلۈك قۇتقۇزۇش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۆيمۇئۆي كىرىپ، دېھقانلارغا قۇتقۇزۇش چارىسىنى ئۆگەتتى، ئاخىرىدا ئۈزۈملەر قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

2003 ـ يىلى، پېنسىيەگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان خەلچىخان يار بازىرى شەرقىي دەرۋازا كەنتىگە كەلدى، ئەمما ئۇ ئۈزۈم تىكىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشنى تاشلاپ قويماي، كەنتتە 50 مو قاقاسلىقنى ئۈزۈم تەجرىبە ئېتىزى قىلىشنى، 10 مىڭ موغا ئۈزۈم تېلى تىكىلگەن كەنتتە خالىس ئاگرونوم بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

2011 ـ يىلى، خەلچىخاننىڭ قىزى خۇرشىدەم مەممەت ئاپتوموبىل سېتىۋالماقچى بولدى، ئەمما 50 مىڭ يۈەن كەملەپ قالدى. خۇرشىدەم ئانىسىدىن پۇل سورىغاندا، خەلچىخان ئىنتايىن تەڭلىكتە قالدى. خەلچىخاننىڭ ئېرى بۇنى ئاڭلاپ، قىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، خەلچىخاننىڭ كىيىم ئىشكاپىنى قىزىغا كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرەرمۇ يېڭى كىيىم يوق ئىدى. ئارقىدىن دادىسى قىزنى ئۈزۈملۈككە باشلاپ كېلىپ قىزىغا مۇنداق دېدى: «ئۆيدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە، ئاناڭنىڭ يېڭى ئۈزۈم سورتىنى يېتىشتۈرۈشى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ، سەن ئاناڭنى چۈشەنگىن».

دېھقانلارغا ئۈزۈم تىكىشنىڭ تەمىنى تېتىتىش

1979 ـ يىلى، تۇرپان ناھىيەسى(ھازىرقى ئىدىقۇت رايونى) مەملىكەت بويىچە 1 ـ تۈركۈمدىكى ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى، خەلچىخان يار يېزىسى(ھازىرقى يار بازىرى)دا ئۈزۈم تىكىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا، تۇرپاندا ئۈزۈم تىكىلگەن كۆلەم ئاران 40 مىڭ مودىن كۆپرەك ئىدى. ھۆكۈمەت ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنى ئۈزۈم تىكىشكە ئىلھاملاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن دېھقان تىكىشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۈزۈم تېلى تۆت ـ بەش يىلدا ئاران مېۋە بېرىپ پايدىسى كۆرۈلەتتى.

خەلچىخان بۇنىڭلىق بىلەن بوششىپ قالمىدى، ئۇ يار يېزىسىدا كىچىك ئۈلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇپ، ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش ـ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئەلالاشتۇرۇشنى سىناق قىلىپ، «ئىشلەپ كۆرسىتىپ قويۇش» ئۇسۇلى بىلەن يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرماقچى بولدى.

ئالدىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىلدا، خەلچىخاننىڭ نەق مەيداندا ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشى تەسكە چۈشتى. دېھقانلار قاتنىشىشنى خالىمىدى، كەلگەنلەرمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. بىر قېتىم ئۇ يار يېزىسىدا تەشۋىقات يىغىنى ئاچقاندا ئاران 50 نەچچە ئادەم كەلدى. ئەمدىلا سۆزلىشىگە ئاڭلىغۇچىلار: «بىز ئۈزۈم تىكىدىغانلار تۇرساق، ئۇنىڭ تەجرىبىسى بىزنىڭكىدىن كۆپمىكەن؟ بولدى كەتتۇق!» دەپ توۋلاشتى.

خەلچىخان دەرسنى تولۇق سۆزلەپ بولۇپ، ئۆيىگە قايتقاندا كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىۋەتتى. ئەمما ئۇ يېڭىلگەنگە تەن بەرمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن دائىم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۈزۈملۈكىگە بېرىپ، دېھقانلار بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇنىڭ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشى ئارقىلىق بىر مو يەرگە تىكىلىدىغان ئۈزۈم تېلى 30 تۈپتىن 90 تۈپكە كۆپەيتىلىپ، ئۈزۈم ھوسۇلى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى.

1984 ـ يىلى، خەلچىخان ئۈزۈمچى دېھقان لىتىپ سىناق قىلىشقا بەرگەن ئۈزۈملۈكنى ئۈچ رايونغا ئايرىپ، ئوخشاش بولمىغان قويۇقلۇقتىكى دېھقانچىلىق دورىسى«920»نى چاچتى، ھوسۇل ئالغاندا ئۈزۈم ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40% ئېشىپ، بىردىنلا تۇرپاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. لىتىپ خەلچىخانغا رەھمەت ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ ئۇسۇلىڭىزنى قوللىنىۋىدۇق، ئۈزۈم بەك ئوخشىدى!»

ئۈزۈمچى دېھقانلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا، خەلچىخان بىر يۈرۈش پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى، «مەن ئۇلارغا ئۈزۈمنى بالاڭلارنى باققاندەك بېقىڭلار، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلساڭلار، ئۇمۇ سىلەرگە ياخشى جاۋاب قايتۇرىدۇ دېدىم، ئۇلار چۈشەندى.» بەزى ئۈزۈمچى دېھقانلار ئاز ئوغۇتلاپ، ۋاقتىدا سۇغارمىغاچقا، ھوسۇل ئازىيىپ كەتتى. ئۇ دېھقانلارغا مۇنداق دېدى: «بالىدا ئوزۇقلۇق يېتىشمىسە، ئاسانلا ئاغرىپ قالىدۇ، ئۈزۈممۇ ئوخشاش، شۇڭا ئۇنىمۇ ئوبدان ئوغۇتلاش، ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك».

تېخىمۇ كۆپ «ئۈزۈمچى قىز»لارنى يېتىشتۈرۈش

ھازىر، خەلچىخان پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ، يەنىلا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرماقتا.

بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە، خەلچىخاننىڭ ئۈزۈملۈككە كېلىپ تېخنىكا ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، تەكنى ئېچىش، سۇغىرىشتىن تارتىپ ئارتۇق بىخلارنى ئۈزۈۋېتىش، ئوغۇتلاش، چاتاش قاتارلىق ھەربىر باسقۇچتا، خەلچىخان ئۆگىنىشكە كەلگەن دېھقانلارغا قولمۇقول ئۆگەتتى. ئۇ يەنە نەچچە شاگىرت قوبۇل قىلدى، ياز كۈنلىرى ئۈلگۈرەلمىگەندە، شاگىرتلارمۇ «ئۇستاز»غا ئايلاندى.

خەلچىخاننىڭ يېتەكلىشىدە، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونىدىكى نۇرغۇن يېزا ئاياللىرى ئۆيىدىن چىقىپ ئۈزۈملۈكتە ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇردى، ئورنىنى ئۆستۈردى. خەلچىخان يەنە ئۈزۈم تىكىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىدىغان بىر «قىزىل ئاياللار قوشۇنى»نى يېتىشتۈردى.

نەچچە ئون يىل چىڭ تۇرۇش نەتىجىسىدە، خەلچىخان مەملىكەتلىك يېزىلاردا پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار نەمۇنىچى شەخس، مەملىكەتلىك پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش، كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش باشلامچىسى قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى. بۇ شەرەپلەر توغرىسىدا توختالغاندا خەلچىخان مۇنداق دېدى: «ئۈزۈم تىكىش ئۆمۈرلۈك سۆيگەن كەسپىم، قانچىلىك چوڭ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشىمدىن قەتئىينەزەر، مەن چوقۇم قەتئىي داۋاملاشتۇرىمەن. مەن تېخنىكىلارنى تېخىمۇ كۆپ دېھقانلارغا ھەقسىز ئۆگىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنى بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن».

بۇرچقا سادىق بولۇشتىن ئۆكۈنمەي، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەسلىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

—— جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى يې شياڭفا توغرىسىدا

2017 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، يې شياڭفا گۈزەل شىزى كۆلى بويىدىن تۆمۈر چوققىسى ئېتىكىگە كېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مۇساپىسىنى باشلىدى. ئۈچ يىلغا يېقىن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، جېجياڭنىڭ ئۈچ چوڭ كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشىدىكى تۆۋرۈكىنىڭ بىرى بولغان نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇشتىكى «10 مىڭ مو ئېتىز، 100 مىليون يۈەن» كىرىمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇساپىسىدە شانلىق سەھىپە ئاچتى.

چېگرا رايونغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلاش

«مەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگىلى بارىدىغان بولدۇم، پات ئارىدا ماڭىدىكەنمىز.» 2016 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، يې شياڭفا ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن خوتۇنىغا مۇشۇنداق دېدى، بىراق خوتۇنى ئاڭلاپلا قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇ يەنە 60 نەچچە يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە دادىسى بىلەن پاراڭلاشتى، «كومپارتىيە ئەزاسى ئاڭغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، قارار قىلغان ئىكەنسەن، ماڭغىن» دېدى بوۋاي. مېڭىش ئالدىدا، خوتۇنى يېڭىدىن سېتىۋالغان ماھۇت چاپاننى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئۆيدە مەن بار، سىز شىنجاڭدا ئۆزىڭىزنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىڭ» دېدى. خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغان يې شياڭفا يىغلىۋەتتى.

ئاقسۇغا كېلىشى بىلەنلا، ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى يې شياڭفانى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىل تۈزۈمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە ئىلھامىنى تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دەرستىن كېيىن، كۇرسانتلار يې شياڭفانى مېۋىلىك باغنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. يې شياڭفا ئېتىز باشلىرىغا مېۋىلىك دەرەخ شاخلىرىنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، ئۇزاق مەزگىل يېمەكلىك زەمبۇرۇغ پەن تەتقىقات تۈرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان يې شياڭفا بۇنىڭ غايەت زور خەزىنە ئىكەنلىكىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قۇرغاق رايونلاردىكى ئورمانلىقلاردا قارا مورنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ ئايلانما ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دادىل تەسەۋۋۇرى پەيدا بولدى.

يې شياڭفا تېزدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. ۋاھالەنكى، يېمەكلىك زەمبۇرۇغىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ھاۋانىڭ نەملىكىگە بولغان تەلىپى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى، ئاقسۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ھاۋاسى قۇرغاق بولۇپ، قارا مور يېتىشتۈرۈشنىڭ خەتىرى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. قۇرغاق رايونلاردا قارا مور زەمبۇرۇغ يېپچىسىنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش ۋە نەملىكنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش يې شياڭفانىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر تېما بولۇپ قالدى.

قارا مور يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەتقىق قىلىش

يې شياڭفا ھە دېگەندىلا ئىشقا كىرىشىپ تەجرىبىنى باشلىۋەتتى. ئۇ كۆپ خىل مېۋىلىك دەرەخ شاخلىرىنى يىغىپ، جېجياڭ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يېمەكلىك زەمبۇرۇغ مۇتەخەسسىسلىرىگە تېز يوللانما قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن قارا مور زەمبۇرۇغ تاياقچىسىنى يېتىشتۈرۈشكە ياردەم قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، خۇش خەۋەر كەلدى، زەمبۇرۇغ يېپچىسىنىڭ يېتىلىشى ياخشى بولغانىدى، جېجياڭ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى دەرھال زەمبۇرۇغ تاياقچىسىنى ئاقسۇدا داۋاملىق سىناق قىلىشقا ئەۋەتتى.

ۋاقىت ۋە خىراجەتنى تېجەش ئۈچۈن، يې شياڭفا تەجرىبە مەيدانىنى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى سۆگەت دەرىخى ئاستىغا ئورۇنلاشتۇردى. زەمبۇرۇغ يېپچىسى يېتىلىپ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت خىزمەت قىلدى.

يې شياڭفا ئۇدا ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملىق سىناق قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق سانلىق مەلۇمات ھاسىل قىلدى، 30 تەجرىبە زەمبۇرۇغ تاياقچىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۇنجى يېڭى قارا مور بولۇپ ئۆسۈپ چىقتى، كۆرسەتكۈچ لايىھەدىكى نىشانغا يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولدى، ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە قارا مورنى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈشنىڭ تېخنىكا يولى ۋە ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى. قارا مورنى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشىدىغان «10 مىڭ مو ئېتىز، 100 مىليون يۈەن» كىرىمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى قىلىپ بېكىتىلىپ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نۇقتىلىق يۆلەيدىغان مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا تۈرى قىلىش ئىلتىماس قىلىندى. ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭ داشۆ پەن ـ تېخنىكا شۆيۈەنى ئاقسۇ مەكتەپ رايونىدا «10 مىڭ مو ئېتىز، 100 مىليون يۈەن» قۇرۇلۇش تېخنىكا تەتقىق قىلىش ـ ئېچىش مەركىزىنى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىر گەۋدە قىلىنغان تېخنىكىنى تەتقىق قىلىش ـ ئېچىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئومۇملاشتۇرۇش يولىنى ئېچىش

سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، يې شياڭفا ئومۇملاشتۇرۇش لايىھەسىنى پىلانلاشقا باشلىدى. دېھقانلارغا ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان يېڭى شەيئىلەرنى سىناق قىلدۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس. يې شياڭفا نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئىككى ناھىيەنىڭ بارلىق يېزا ـ بازارلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، دېھقانلارغا تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى تەشۋىق قىلدى، بىراق ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئاڭلىغىنى«مەن يەنە ئويلىنىپ باقاي» «باشقىلار تېرىسا مەنمۇ تېرىيمەن» دېگەن سۆزلەر بولدى.

ئامالسىز قالغان يې شياڭفا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازىرى تۆۋەنكى مەكتەپ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىدىن ياردەم سورىدى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى يې شياڭفا بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم زەمبۇرۇغ تاياقچىلىرىنى ھەقسىز تارقىتىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا مېڭىشنى قارار قىلدى.

قاتناش ۋەقەسى سەۋەبىدىن ئېغىر پالەچ بولۇپ قالغان، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار كەنت ئاھالىسى مۇتەللىپ تۇنجى نەپكە ئېرىشكۈچى بولدى. يې شياڭفانىڭ قولمۇقول يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، 2017 ـ يىلى يازدا، مۇتەللىپ 1700 زەمبۇرۇغ تاياقچىسىنى تېرىپ، ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 8500 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ، كەنتتە خېلى زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. 2018 ـ يىلى كۈزدە، قارا مور تېرىش تېخنىكىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، 100دىن ئارتۇق نامرات كەنتتىكى 5000 نامرات ئائىلىنى قاپلاپ، 30 مىڭغا يېقىن ئاھالىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

تېخنىكا كېڭەيتىش جەريانىدا، چەت، يىراق يېزا ـ كەنتلەر يې شياڭفاغا «ماكان»، ئېتىز بېشى ئۇنىڭغا «ئىشخانا» بولدى، يې شياڭفا ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىكى 100گە يېقىن كەنتنى ئايلىنىپ چىقتى، 400دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىدىكى 1800دىن ئارتۇق دېھقاننى زىيارەت قىلدى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بەرگەندىن بۇيان، يې شياڭفا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى كەسىپ قىلىپ، ئىش ئورنىنى بازا ئورنىدا ساقلاپ، ئۆزىنى بېغىشلاشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى.